لەڭگەر كەنتى:

# كۆپ تۆللەيدىغان قىزىل قوينىڭ كىرىمنى ئاشۇرۇش مەخپىي شىفرىنى يەشتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

«چودا كۆپ تۆللەيدىغان قىزىل قويى» لەڭگەر كەنتىدىكى كەنت ئاھالىلىرىگە ھەم تونۇش، ھەم ناتونۇش. تونۇش بولۇشى ئۇلارنىڭ كۆپ يىللاردىن بۇيان ئىزچىل بۇ خىل يەرلىك قوينى قازاق قىزىل قويى دەپ ئاتىغانلىقىدىن، ناتونۇش بولۇشى ئۇلارنىڭ چودا كۆپ تۆللەيدىغان قىزىل قوينىڭ كەنت ئاھالىلىرىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ كىرىمنى ئاشۇرۇشىغا يېڭى يول ئېچىپ بېرىۋاتقانلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغانلىقىدىن.

لەڭگەر كەنتى بەلكىم چودا كۆپ تۆللەيدىغان قىزىل قويى دەسلەپتە بارلىققا كەلگەن جاي بولماسلىقى مۇمكىن، ئەمما چوقۇم كەلگۈسىدە چودا كۆپ تۆللەيدىغان قىزىل قويى كەسپى بارلىققا كېلىدىغان جاي بولىدۇ.

### بىر قېتىمدا كۆپ قوزىلاش كىرىمنى ئاشۇرىدىغان يېڭى نەسلنى بايقىدى

«ئەينى چاغدا ئۇ ساغلىقنىڭ قورسىقىنىڭ ئالاھىدە چوڭلۇقىنى ھېس قىلغانىدىم، كەنت ئاھالىلىرى ماڭا بىر قېتىمدا ئۈچنى قوزىلايدىغانلىقىنى ئېيتتى، بۇنىڭغا ئىشەنگۈم كەلمىدى.» ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى، گۇما ناھىيەسىنىڭ چودا يېزىسىدا تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ باش يېتەكچىسى، لەڭگەر كەنتىنىڭ 1 ـ شۇجىسى خىزىركەلدى ئابدۇراخماننىڭ 2017 ـ يىلى بىرىنچى قېتىم چودا كۆپ تۆللەيدىغان قىزىل قوينى كۆرگەندىكى مەنزىرە ھېلىمۇ ئېسىدە، چۈنكى ئۇ يوغان قورساق ساغلىق ئەتىسى راستىنلا ئۈچنى قوزىلىغانىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن، چودا كۆپ تۆللەيدىغان قىزىل قويى خىزمەت ئەترىتى ۋە كەنت كادىرلىرىنىڭ دىققىتىنى تارتتى، بۇ خىل كۆپ تۆللەش ئالاھىدىلىكى بار قىزىل قوي ئادەم كۆپ، يېرى ئاز، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ كىرىمنى ئاشۇرۇش يولى چەكلىك بولغان لەڭگەر كەنتىدە كەنت ئاھالىلىرىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ كىرىمنى ئاشۇرۇشىغا تۈرتكە قوشالامدۇ ـ يوق؟

شۇنىڭ بىلەن، قوي سېتىۋېلىش گۇرۇپپىسى كەنتتە قۇرۇلدى. خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت ئەزالىرى ۋە كەنت كادىرلىرى بىرلىكتە لەڭگەر كەنتى ئەتراپىدىكى بازاردىن قىزىل قوي سېتىۋېلىپ، شىنجاڭغا ياردەم بېرىش مەبلىغىدىن پايدىلىنىپ، كۆلىمى 246 تۇياققا يېتىدىغان قىزىل قوي نەسل يېتىشتۈرۈش يادرولۇق توپىنى تەشكىللەپ قۇرۇپ، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك داشۆسىنىڭ پەن تەتقىقات كوللېكتىپىنى چودا كۆپ تۆللەيدىغان قىزىل قوينى تەتقىق قىلىپ، قىزىل قوينىڭ ئىلمىي مەخپىي شىفرىنى ئومۇميۈزلۈك يېشىشكە تەكلىپ قىلدى.

بىر يىلغا يېقىن تەتقىق قىلىش ئارقىلىق كەنتكە خۇش خەۋەر تارقالدى. تەتقىقات كوللېكتىپى قىزىل قوينىڭ كۆپ تۆللەيدىغان، قوشكېزەك قوزىلايدىغان ئىقتىدارغا ئىگە گېنىنى، غايەت زور پەن تەتقىقات قىممىتىگە ۋە كۆپەيتىش ـ يېتىشتۈرۈش تەرەققىيات ئىستىقبالىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى بايقىدى. ئىلمىي بېكىتلىگەچكە كەنتنىڭ قىزىل قوي كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشقا تۈرتكە بولۇشقا قارىتا ئىشەنچىسى تېخىمۇ چىڭىدى، نەسىللەندۈرۈش پونكىتى، ۋاننىلاش كۆلچىكى قاتارلىق چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئۈل ئەسلىھەلىرىنى يانداش قۇرۇپ، ئۆز جايىنىڭ پەن تەتقىقات سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى قىزىل قوي كەسپىنىڭ تەرەققىياتىغا پۇختا ئاساس سالدى.

بۇ بىر يىلدا، بازاردىمۇ چودا كۆپ تۆللەيدىغان قىزىل قوينىڭ يوشۇرۇن قىممىتىگە قارىتا ئىنكاس پەيدا بولدى، ھەر تۇياق ساغلىقنىڭ باھاسى 1500 يۈەندىن 2000 يۈەن ئەتراپىغىچە ئۆرلىدى، چودا كۆپ تۆللەيدىغان قىزىل قوينى كەسپلەشتۈرۈش تەرەققىياتىنىڭ بىرىنچى قەددىمى بېسىلدى.

### باقمىچىلىق ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولدى ئۈلگە كۆرسىتىپ تۈرتكە بولۇش ئۈنۈمى روشەن بولدى

«بۇ نەچچە يىلدا، چودا كۆپ تۆللەيدىغان قىزىل قوينىڭ باھاسى ئىزچىل ئۆرلىدى، ھازىر مەن بېقىۋاتقان كۆپ تۆللەيدىغان ساغلىقنىڭ بىرىنى 3000 يۈەندىن يۇقىرى ساتقىلى بولىدۇ.» لەڭگەر كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى غوجىئالىم ئابدۇكېرىم مۇنداق دېدى: «چودا كۆپ تۆللەيدىغان قىزىل قوينىڭ قىممىتىدە ئاچقۇچ تاللاپ يېتىشتۈرۈشتە».

2019 ـ يىلى، لەڭگەر كەنتى نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغىدىن پايدىلىنىپ، چودا كۆپ تۆللەيدىغان قىزىل قويىدىن 710 تۇياق سېتىۋېلىپ، نامرات ئائىلىلەرنىڭ بېقىشىغا بۆلۈپ بەردى، بۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ باقمىچىلىق كىرىمنى ئۆستۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشقا كۈچ قوشتى. بەش تۇياق قوي ئالغان غوجىئالىمنىڭ ئىشەنچىسى تولۇپ تاشتى، لېكىن كېيىنكى نەتىجىدىن ئانچە رازى بولمىدى. «پەقەت بىر قىسىم قويلار كۆپ تۆللەش ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىكەن» دېدى غوجىئالىم.

گەرچە ئىلمىي بېكىتىلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئىلمىي بېقىش ۋە باشقۇرۇش كەمچىل بولغاچقا، چودا كۆپ تۆللەيدىغان قىزىل قوينىڭ ئىرسىيەت ئالاھىدىلىكى ئانچە گەۋدىلىك ئىپادىلەنمىدى، چودا كۆپ تۆللەيدىغان قىزىل قوينى تاللاپ يېتىشتۈرۈپ، مۇقىم ئىرسىيەت شەكىللەندۈرۈپ، نەسل ئەۋزەللىكىنى نامايان قىلدۇرۇشقا توغرا كەلدى.

دەل مۇشۇ ۋاقىتتا، كەنت كادىرلىرى كەسپىي تېخنىك خادىملارنى باشلاپ غوجىئالىمنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، باقمىچىلىق تېخنىكىسىنى ئۆگىتىش بىلەن بىللە، زامانىۋى چارۋىچىلىقنىڭ تەرەققىيات ئۇقۇمىنى ئۇنىڭغا تونۇشتۇردى.

«دەسلەپتە ئۇلار ماڭا كۆپ تۆللەش ئالاھىدىلىكى بولمىغان قويلارنى شاللىۋېتىشنى ئېيتتى، مېنىڭ كۆزۈم قىيمىدى.» غوجىئالىمنىڭ دېيىشىچە، تېخىمۇ كۆپ كىشى ئىشكىنىڭ ئالدىغا قوي سېتىۋالغىلى كەلگەندىلا، ئۇ ئاندىن كۆپ تۆللەيدىغان قىزىل قوينى تاللاپ يېتىشتۈرۈشنىڭ قىممىتىنى ھەقىقىي كۆرۈپ يەتكەن.

«ئىككى تۇياق ساغلىقنى 7000 يۈەنگە ساتتىم.» غوجىئالىم خۇشال ھالدا مۇنداق دېدى: ھازىر قوتاندىكى ساغلىقلارنىڭ كۆپىنچىسى بىر قېتىمدا ئىككىنى، ھەتتا ئۈچنى قوزىلايدىغان ئالاھىدىلىكنى ھازىرلىدى.

«بۇ يىل مەن باقمىچىلىق كۆلىمىنى داۋاملىق كېڭەيتىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ساپلاشتۇرۇپ تاللاپ يېتىشتۈرسەم، كېلەر يىلى باھاسىنىڭ تېخىمۇ يۇقىرى بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن» دېدى غوجىئالىم ئىشەنچ بىلەن.

ھازىر، لەڭگەر كەنتىدىكى تېخىمۇ كۆپ كەنت ئاھالىسى غوجىئالىمغا ئوخشاش، نەسلىنى تاللاپ يېتىشتۈرۈش ئارقىلىق باقمىچىلىق كىرىمنى ئاشۇردى، پۈتۈن كەنتتە چودا كۆپ تۆللەيدىغان قىزىل قويى باقمىچىلىقى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كەنت ئاھالىسى 142 ئائىلىلىككە يەتتى. مۆلچەرەن ھېسابلىنىشىچە، چودا كۆپ تۆللەيدىغان قىزىل قويى باقمىچىلىقىدا ئۈنۈمى تەخمىنەن 60% ئۆستۈرگىلى، ئائىلىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمىنى 6000 يۈەن ئاشۇرغىلى بولىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە، چودا كۆپ تۆللەيدىغان قىزىل قويى كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ھەر يىلى كەنت كوللېكتىپىنىڭ كىرىمىنى 50 مىڭ يۈەن ئاشۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشقا كۈچ قوشۇش جەھەتتە كۆرۈنەرلىك تۈرتكىلىك رول ئوينايدىكەن.

### باشلامچى كارخانىلارنى كىرگۈزۈش كەسىپ تەرەققىيات ئىستىقبالى ئۈمىدكە تولدى

پەن تەتقىقات خىزمىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىشى ۋە ئىشلەپچىقىرىش سىستېمىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللىشىشىگە ئەگىشىپ، 2019 ـ يىلى، چودا كۆپ تۆللەيدىغان قىزىل قويى كەسىپ تەرەققىياتىدىكى بىر قېتىملىق يېڭى پۇرسەتنى كۈتۈۋالدى، شۇنداقلا لەڭگەر كەنتىدىكى تېخىمۇ كۆپ كەنت ئاھالىسىنى كەسىپ ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش يولىغا مېڭىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

بۇ يىلى، گۇما ناھىيەسى شىنجاڭ شىۋۇ مۇياگرېن دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق پەن ـ تېخنىكا چەكلىك شىركىتىنى مەخسۇس چودا كۆپ تۆللەيدىغان قىزىل قوينى كۆپەيتىش ـ يېتىشتۈرۈش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىشقا كىرگۈزدى، كارخانا مەبلەغ سېلىپ كۆلىمى 298 مو كېلىدىغان كۆپ تۆللەيدىغان قىزىل قوي كۆپەيتىش ـ يېتىشتۈرۈش بازىسى قۇردى ھەم شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك داشۆسى بىلەن ئۇزاق مۇددەتلىك پەن ـ تېخنىكا ھەمكارلىق كېلىشىمى ئىمزالاپ، چودا كۆپ تۆللەيدىغان قىزىل قوينى كۆپەيتىش ـ يېتىشتۈرۈش سەۋىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈردى.

بازا قۇرۇلغاندىن كېيىن، لەڭگەر كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى مەمەتجان سېيىتئەخمەت بۇ يەرگە كېلىپ خىزمەت قىلدى. «مەن ھازىر چودا كۆپ تۆللەيدىغان قىزىل قوينى بېقىش ۋە باشقۇرۇشقا مەسئۇل، ھەر ئايدا مۇقىم كىرىمىم بار بولدى، يەنە ئىلمىي ئۇسۇلدا قوي بېقىشنى ئۆگىنىۋالدىم.» مەمەتجاننىڭ دېيىشىچە، ئۇ ھەر كۈنى ۋاقتىدا يەم ـ خەشەك بېرىپ، قوتانلارنى پاكىز تازىلاپ، ھەربىر تۇياق چودا كۆپ تۆللەيدىغان قىزىل قوينى كۆڭۈل قويۇپ بېقىۋېتىپتۇ.

باشلامچى كارخانىلارنىڭ تۈرتكە بولۇشى، يېتەكلىشى بولغاچقا، چودا كۆپ تۆللەيدىغان قىزىل قوينى كۆپەيتىش ـ يېتىشتۈرۈش خىزمىتى ۋە كەسپلەشتۈرۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇش سەۋىيەسى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئۆستى.

«نۆۋەتتە، بازىدىكى چودا كۆپ تۆللەيدىغان قىزىل قوينىڭ قوتاندىكى سانى 5000 تۇياققا يەتتى.» بازىنىڭ مەخسۇس تېخنىك خادىمى شيا لىجۈن تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: بازا ئەتراپىدىكى دېھقانلار چودا كۆپ تۆللەيدىغان قىزىل قوينى كارخانىنىڭ ۋاكالىتەن بېقىشىغا تاپشۇرۇپ بەرسە بولىدۇ، كارخانا ۋاكالىتەن بېقىش جەريانىدا كۆپ تۆللەيدىغان گېنغا ئىگە ساغلىقنى تاللاپ يېتىشتۈرۈپ نەسل توپىنى كېڭەيتىدۇ، كۆپەيتىدۇ ھەم دېھقانلارغا پايدا تەقسىم قىلىپ بېرىدۇ، كارخانا دېھقانلار بىلەن قوش پايدا ئېلىشنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە، بازا يادرولۇق نەسل توپىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىپ، چودانىڭ كۆپ تۆللەيدىغان قىزىل قوينىڭ قوشكېزەك قوزىلاش، كۆپ قوزىلاش ئەۋزەللىكىنى زورايتىدۇ.

بۇ يىل، چودا كۆپ تۆللەيدىغان قىزىل قويىدا دۆلەتنىڭ قوي ئىرسىيەت بايلىقى ۋە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ جۇغراپىيەلىك بەلگىسى ئېتىراپنامىسىگە ئىلتىماس قىلىنىپ، دۆلەتنىڭ تۈر مەدەتتىنى قولغا كەلتۈرۈپ، كەسپىنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتى ئۈچۈن كۈچ توپلىنىۋاتىدۇ.

نۆۋەتتە، ھەربىر تۇياق چودا كۆپ تۆللەيدىغان قىزىل قويى ساغلىقىنىڭ باھاسى 4000 يۈەن ئەتراپىغا ئۆستى، نەسللىك قوچقارنىڭ باھاسى 10 مىڭ يۈەندىن بۆسۈپ ئۆتۈپ، داڭلىق گۆش قويى نەسلى بولغان ئاۋستىرالىيە دۇپېر قويى نەسللىك قوچقارىنىڭ باھاسىغا يېقىنلاشتى، چودا كۆپ تۆللەيدىغان قىزىل قويى كەسپىنىڭ تەرەققىياتىنىڭ تۈرتكىلىك ئېففېكتى ۋە نەسل بايلىقى ئەۋزەللىكى گەۋدىلىنىشكە باشلىدى.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

تەيىۋەن شەھەرلىك 5 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى جاۋ شۇيان تېلېفوندىن باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ سەنشىگە كېلىپ تەكشۈرۈشتە بولغانلىقىغا ئائىت خەۋەرلەرگە يېقىندىن دىققەت قىلدى. «مۇشۇ جايدا تۇغۇلۇپ، مۇشۇ جايدا ئۆسكەن تەيىۋەنلىك بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن مۇشۇ يىللاردا تەيىۋەننىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتى ۋە شەھەر ئۆزگىرىشلىرىگە نىسبەتەن بىۋاستە تەسىراتقا ئىگە.» جاۋ شۇ مۇنداق دېدى: «باش شۇجى شى جىنپىڭ ئوتتۇرىغا قويغان يېڭى تەلەپ بويىچە، تەيىۋەن تېخىمۇ جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە بولىدۇ. ئەمما بۇنى بىردەمدىلا تاماملىغىلى بولمايدۇ، سەبىر قىلىپ، بوشاشماي كۈرەش قىلىشقا توغرا كېلىدۇ!»

خۇنەن يىياڭ يۈەنجياڭ شەھىرىنىڭ شەھەر باشلىقى ياڭ جيۈك بۇ مەزگىلدە ئالدىراشچىلىقتا ئۆتتى. يۈەنجياڭ شەھىرى دۇڭتىڭخۇ كۆلىنىڭ كىندىك رايونىغا جايلاشقان بولۇپ، بېلىق تۇتۇشنى چەكلەشنى پۈرسەت بىلىپ، بېلىقچىلار خاس كىچىك بازىرى ۋە خاس يېزا قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتماقتا؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە تەبىئىي ئالاھىدىلىكتىن تولۇق پايدىلىنىپ، خۇجوۋ سۇلۇق يەر باغچىسى، سۈرەتكە تارتىش، قۇشلارنى تاماشا قىلىش سۈپىسى قاتارلىق جەنۇبىي دۇڭتىڭخۇ سۇلۇق يەر ئېكولوگىيەلىك ساياھەت رايونى بەرپا قىلماقتا.

«باش شۇجى شى جىنپىڭ ئېقىن رايوننىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ئاسراشنى كۈچەيتىشنى ئېنېرگىيە ئىنقىلابىنى ئالغا سىلجىتىش، يېشىل ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ئۇسۇلىنى يولغا قويۇش، ئىقتىسادنىڭ تىپىنى ئۆزگەرتىپ تەرەققىي قىلدۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش بىلەن بىرتۇتاش پىلانلاش كېرەك، دەپ كۆرسەتتى، بۇنىڭ بىزگە بولغان ئىلھامى ناھايىتى چوڭ.» ياڭ جيۈك مۇنداق بىلدۈردى: جەزمەن يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، تەبىئىي ئېكولوگىيەنى قوغداش ۋە قوغداش ئالدىنقى شەرتىدە ياخشى پايدىلىنىشنى تىرىشىپ ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىقتىسادنىڭ تىپىنى ئۆزگەرتىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

بامبۇكلار شامالدا تەۋرىنىپ تۇراتتى، ھەممە يەر يېشىللىققا تولغانىدى. 5 ـ ئايدا، جېجياڭنىڭ ئەنجى ناھىيەسى يۈسۈن كەنتىدە باش ياز بولغانىدى. 39 ياشلىق كەنت ئاھالىسى خۇ بىن ھويلىسىدا ناھايىتى ئالدىراش بولۇپ كەتتى ــ «1 ـ ماي» دەم ئېلىشتىن ھازىرغىچە، ئۇ تىجارەت قىلىۋاتقان قونالغۇ كۈندە دېگۈدەك مېھمانلار بىلەن توشۇپ كەتتى.

باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ سەنشىدە تەكشۈرۈشتە بولغاندا قىلغان مۇھىم سۆزىنى كۆرۈپ، خۇ بىن ئىختىيارسىز ھالدا 2000 ـ يىللىرىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە كەنتتە تاغلارنى كولاپ، كان ئېچىپ، ھەممە جاينىڭ كۆزگە كۆرگۈسىز بولۇپ كەتكەنلىكىنى ئەسلىدى، كېيىن ھۆكۈمەتنىڭ يېتەكچىلىكىدە كانلار تاقالدى، ئېكولوگىيەلىك مۇھىت تەدرىجىي ئەسلىگە كەلدى، بۇنىڭ بىلەن بارغانسېرى كۆپ ساياھەتچى جەلپ قىلىندى. خۇ بىن ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېدى: «‹سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغ› ھەقىقەتەن ئىشىك ئالدىمىزدىكى ‹بايلىق›قا ئايلاندى. يېشىل تەرەققىياتتىن ئىبارەت بۇ يول توغرا ئىكەن، بىز چوقۇم چىڭ تۇرۇپ ماڭىمىز».

ئەنخۇينىڭ خېفېي شەھىرى چاۋخۇ كۆلى ئايلانما ئېكولوگىيە ئۈلگە كۆرسىتىش رايونى قۇرۇلۇشى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى گاۋ بىنيوۋنىڭ باش شۇجى شى جىنپىڭ ئوتتۇرىغا قويغان «تاغ، دەريا، ئورمان، ئېتىز، كۆل، ئوتلاقنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ قوغداش ۋە ئەسلىگە كەلتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇش كېرەك» دېگەن سۆزىگە بولغان تەسىراتى ئىنتايىن چوڭقۇر.

«تاغ، دەريا، ئورمان، ئېتىز، كۆل، ئوتلاق بىر ـ بىرىگە بېقىنىدىغان، ئايرىلماس بىر پۈتۈن گەۋدە. كۆلنى تۈزەشتە ئاۋۋال دەريانى تۈزەش، دەريانى تۈزەشتە ئاۋۋال بۇلغىنىشنى تۈزەش، بۇلغىنىشنى تۈزەشتە ئاۋۋال مەنبەنى تۈزەش كېرەك.» گاۋ بىنيوۋ مۇنداق دېدى: «بىز ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ئاسراشتىكى سىستېمىلاشقان تەپەككۇردا چىڭ تۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چاۋخۇ كۆلىنى تۈزەشنىڭ پۈتكۈل جەريانىغا سىڭدۈرۈپ، ئۇنى كېيىنكى قەدەمدىكى تۈزەش مېخانىزمىدا يېڭىلىق يارىتىش ۋە ئۇنى ئۆستۈرۈشنىڭ مۇھىم پرىنسىپى قىلىمىز».

5 ـ ئايدا، ئاپتوموبىل ھەيدەپ ئىچكى موڭغۇلنىڭ كۆكخوت شەھىرىنىڭ توقتو ناھىيەسىدىكى خۇاڭخې دەرياسى بويىغا بارسىڭىز، ھەممە يەرنىڭ يېشىللىققا تولغانلىقىنى كۆرىسىز.

2018 ـ يىلدىن باشلاپ، توقتو ناھىيەسى خۇاڭخې دەريا بويى ئېكولوگىيە كارىدورى قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇشقا باشلىدى. ئىككى يىل قۇرۇلۇش قىلىش ئارقىلىق خۇاڭخې دەرياسى قىرغىقىدا كۆلىمى 87 مىڭ مو ئورمان بىنا قىلىش تاماملاندى، سۇ، تۇپراقنىڭ ئېقىپ كېتىشى تۆۋەنلىتىلىپ، رايون ئېكولوگىيەلىك مۇھىت ياخشىلىنىپلا قالماي، يەنە باغ ـ ئورمان ئۆستۈرۈش راۋاجلاندۇرۇلۇش ئارقىلىق نامرات ئائىلىلەر ۋە ئادەتتىكى دېھقانلارنىڭ كىرىمنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇنۇپ، ئېكولوگىيەلىك ئۈنۈم بىلەن ئىقتىسادىي ئۈنۈمدىن ئىبارەت قوش پايدا ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

«باش شۇجى شى جىنپىڭ: ‹خۇاڭخې دەرياسى ئېقىن رايونىنىڭ ئېكولوگىيەسىنى ئاسراش ۋە يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتتىن ئىبارەت دۆلەت ئىستراتېگىيەسىنى پۇختا يولغا قويۇش كېرەك› دەپ ئوتتۇرىغا قويدى، بىز پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن ئالغا سىلجىتىۋاتىمىز.» توقتو ناھىيەسىنىڭ ھاكىمى لى جۈنيەن مۇنداق دېدى: خۇاڭخې دەرياسى بويى ئېكولوگىيە كارىدورى قۇرۇلۇشى 2022 ـ يىلىغىچە داۋاملىشىدۇ. شۇ ۋاقىتتا، خۇاڭخې دەرياسى ئېقىننىڭ توقتو ناھىيەسىدىن ئۆتىدىغان 37.5 كىلومېتىرلىق ئىككى قىرغىقىنىڭ مۇھىتى چوقۇم ھازىرقىدىن تېخىمۇ ياخشى بولۇپ كېتىدۇ.

ۋەنجياجەي سۇ ئىشلىرى پاي كونترول گۇرۇھى چەكلىك شىركىتىنىڭ باش مۇدىرى چېن ئېردۇڭ مۇنداق بىلدۈردى: باش شۇجى شى جىنپىڭ «يۈيۈ روھى»نى جارى قىلدۇرۇش كېرەك، دەپ ئوتتۇرىغا قويدى، بۇ سەنشىگىلا ئەمەس، پۈتكۈل جۇڭگونىڭ ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىنىمۇ مۇھىم قوللانما بىلەن تەمىنلىدى. «يۈيۈ روھى»دا نامايان قىلىنغىنى جان ـ دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش، قىيىنچىلىقلارغا قارشى ئىلگىرىلەش، جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىش، بوشاشماي كۈرەش قىلىش، كەلگۈسى مەنپەئەتنى كۆزلەش. ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە ئاسراشتا ئەۋلادمۇئەۋلاد كىشىلەرنىڭ سەبىر قىلىپ تىرىشىپ، ئورتاق قۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ.

**(قەلەم تەۋرەتكۈچى مۇخبىر: جياڭ لىن؛ قاتناشقۇچى مۇخبىرلار: ۋاڭ فېيفېي، ما شياۋيۈەن، چېڭ شىخۇا، شى ۋېييەن، ۋاڭ جىڭ، ۋېي يىجۈن)**

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 5 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مائارىپ توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى سەمىمىي، چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش نىشان ـ ۋەزىپىلىرىنى چىڭ كۆزلەپ، پارتىيەنىڭ مائارىپ خىزمىتىگە بولغان ئومۇميۈزلۈك رەھبەرلىكىنى قەتئىي تەۋرەنمەي كۈچەيتىپ، پارتىيەنىڭ مائارىپ فاڭجېنىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەخلاق ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەشتىن ئىبارەت تۈپ ۋەزىپىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، توغرا روھى ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەش، شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈپ چېگرا مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەشكە مۇلازىمەت قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتە مائارىپ ئوقۇتۇشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۇختا، تەرتىپلىك ئالغا سىلجىتىپ، ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي، گۈزەللىك، ئەمگەك جەھەتلەردە ئەتراپلىق يېتىلگەن سوتسىيالىزمنىڭ قۇرغۇچىلىرى ۋە ئىزباسارلىرىنى تەربىيەلەپ، خەلق رازى بولىدىغان مائارىپنى ياخشى باشقۇرۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: مائارىپ ساھەسىدە پارتىيە رەھبەرلىكى ۋە پارتىيە قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، پارتىيە تەشكىلاتى رەھبەرلىكىدىكى مەكتەپ مۇدىرى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنى قەتئىي ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مەكتەپ ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ سىياسىي ئىقتىدارىنى سەمىمىي كۈچەيتىپ، مەكتەپنىڭ باشتىن ـ ئاخىر پارتىيەنىڭ ئومۇميۈزلۈك رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرىدىغان كۈچلۈك بازىغا ئايلىنىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. مەكتەپلەرنىڭ ئىدىيەۋى ـ سىياسىي خىزمىتىنى كۈچەيتىپ ۋە ياخشىلاپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى دەرسلىككە كىرگۈزۈش، دەرسخانىغا كىرگۈزۈش، ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنىڭ كاللىسىغا كىرگۈزۈشنى سەمىمىي، چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيەسىنى سەمىمىي چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشىنى پائال يېتىلدۈرۈپ، ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوقۇتۇش ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەش بۇرچىنى تېخىمۇ ياخشى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشكە تۈرتكە بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ جىسمانىي، روھىي ساغلاملىقى، ئومۇميۈزلۈك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرما، تەلەپلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە مائارىپ ئوقۇتۇش خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى ئىشلەش كېرەك. «سىرتتىن كىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئىچكى جەھەتتە قايتا كۆرۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش» تەلىپى بويىچە، ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىغا يۈكسەك مەسئۇل بولۇش پوزىتسىيەسى بىلەن يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتىكى سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيەتنى ياخشى ئادا قىلىپ، قەتئىي تۈردە تۈرلۈك ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پۇختا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كونكرېت ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مەكتەپلەرنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلىشىدە ھېچقانداق چاتاق چىقماسلىققا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. مائارىپ ئوقۇتۇشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئىلمىي، بىرتۇتاش پىلانلاپ، پۇختا، تەرتىپلىك ياخشى ئىشلەپ، ئوقۇتۇش پىلانىنى تەڭشەپ، ئەلالاشتۇرۇپ، ئوقۇتۇش سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىپ، ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەرنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى نۇقتىلىق ھالدا ياخشى ئىشلەپ، ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئىمتىھانى ۋە يازلىق تەتىلگە مۇناسىۋەتلىك خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەشنى ئالدىن پىلانلاپ، ئورۇنلاشتۇرما قىلىش كېرەك. ھەرمىللەت ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارغا كۆڭۈل بۆلۈش، غەمخورلۇق قىلىشنى كۈچەيتىپ، يۇقۇمنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ئائىلىسىدە ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلارغا ياردەم بېرىش، يۆلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتى مائارىپ خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىلىرى ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيەت، بۇرچنى توغرا ئىگىلەپ، كېڭەشش، ماسلاشتۇرۇشتىكى بەلگىلىمە ۋە تۈزۈملەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىش بېجىرىش ئاپپاراتلىرىنىڭ خىزمەت كۈچىنى تولۇق، كۈچلۈك سەپلەپ، ئۆز رايونىنىڭ مائارىپ تەرەققىياتىدىكى مۇھىم، زور خىزمەتلەرنى تەتقىق قىلىپ ئورۇنلاشتۇرما قىلىش، بىرتۇتاش پىلانلاپ ماسلاشتۇرۇش، ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ھەيدەكچىلىك قىلىشنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، مائارىپنىڭ «دۆلەتنىڭ زور تەدبىرى، پارتىيەنىڭ زور تەدبىرى»لىك ئورنى ۋە رولىنى جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن مائارىپ سىستېمىسىنىڭ تېگىشلىك تۆھپىسىنى قوشۇش كېرەك.

يىغىندا يەنە باشقا ئىشلار مۇزاكىرە قىلىندى.

ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى رېن خۇا يىغىنغا قاتناشتى.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)